يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

شىرىنلىك مېۋە كۆچىتى ئۆستۈرۈش دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى چوڭ سۈپىغا ئايلاندى

ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ جايلىشىش شىفرىنى يېشىش ⑧

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **رايىدە** خەۋەر قىلىدۇ: «بۇلتۇر ھەقسىز تارقىتىلغان 800 نەچچە تۈپ قارىقات كۆچىتىنى تىككەندىن كېيىن، بۇ يىل مول ھوسۇل ئالدۇق، ھەربىر تۈپى بىر كىلوگرام ئەتراپىدا مېۋە بەردى، شىركەت ھەر كىلوگرامىنى ئون يۈەندىن سېتىۋالدى، كىرىمىمىز ئوبدانلا ئاشتى.» 7 ـ ئاينىڭ بېشىدا، دۆربىلجىن ناھىيەسى خوجىبېرتى موڭغۇل مىللىي يېزىسى ئاقجارجوتا كەنتىنىڭ ئاھالىسى نامۇسامەي باغلىغان قارىقات دەرەخلىرىنى كۆرۈپ، قەلبى شادلىققا تولدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار قارىقات، جىغان، ئالقات قاتارلىق خاس شىرىنلىك مېۋە كۆچەتلىرىنى ئۆستۈرۈش ۋە پىششىقلاش كەسپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. 2019 ـ يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە قارىقات ئۆستۈرۈش كۆلىمى 29 مىڭ مو، ئالقات ئۆستۈرۈش كۆلىمى 318 مىڭ 700 مو، جىغان ئۆستۈرۈش كۆلىمى 425 مىڭ مو بولدى. ھەرقايسى جايلار ئىلمىي ئۆستۈرۈپ پەرۋىش قىلىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، پۈتۈن كەسىپ زەنجىرى بەرپا قىلىپ قوشۇلما قىممىتىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، شىرىنلىك مېۋىلەرنىڭ قىممىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى، شىرىنلىك مېۋە كۆچىتى ئۆستۈرۈش دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى چوڭ سۈپىغا ئايلاندى.

دۆربىلجىن (بىڭتۇەن، يەرلىك، لياۋياڭ) سانائەت باغچە رايونىغا ماكانلاشقان شىنجاڭ لۈڭخۇيۈەن دورىگەرلىك چەكلىك شىركىتى شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا مەبلەغ سېلىپ قارىقات ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى قۇرۇپ، مېۋە شەربىتى، مېۋە قىيامى ھەمدە مېۋە سۈيۈقلۇقى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىپ، بۇ يىل 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرى رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈشنى پىلانلىدى. قارىقات كۆچىتى ئۆستۈرۈشنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئىنچىكە پىششىقلاشقا تايىنىپ، بۇ شىركەت كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىش ئارقىلىق، خاس شىرىنلىك مېۋىلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى بېكىتىپ، شۇ جاينىڭ تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە كۈچ قوشۇپ، قارىقاتنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك، يۇقىرى ئۆلچەملىك ئۈلگە كۆرسىتىپ يېتىشتۈرۈشنى كۆزلەپ، قارىقات كەسپىنى كۆلەملەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈردى. نۆۋەتتە، شىركەت دۆربىلجىن ناھىيەسىنىڭ بەش يېزا ـ بازار، مەيداندىكى 389 تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىنىڭ ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى، قارىقات ئۆستۈرۈلگەن ئومۇمىي كۆلەم تەخمىنەن 800 موغا يەتتى.

«قارىقاتنى ئىنچىكە پىششىقلاش كەسپى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تۈرىنىڭ يوشۇرۇن قىممىتى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپلا قالماي، يەنە كارخانىمىزنىڭ خام ئەشيا ئۆستۈرۈش تەننەرخىنىمۇ ئازايتىپ، قوش پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ» دېدى 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شىنجاڭ لۈڭخۇيۈەن دورىگەرلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى لى خېياۋ.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ رايونلارغا جايلىشىش يىرىك پىلانى (2020 ـ يىلدىن 2025 ـ يىلغىچە)» بويىچە، جىغان ئۆستۈرۈشتىكى ئەۋزەل رايونلار ئالتاي ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى يەتتە ناھىيەگە نۇقتىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلدۇ؛ ئالقات بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، ئالتاي ۋىلايىتىدىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەت، ئۈچ ئوبلاستتىكى ئالتە ناھىيە، شەھەرگە نۇقتىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلدۇ؛ قارىقات ئالتاي ۋىلايىتى، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلار، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى بەش ناھىيە، شەھەرگە نۇقتىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز ئەلا سورتلارنى تاللاپ ئىشلىتىش، ئەلا سۈپەتلىك، مول ھوسۇللۇق يۈرۈشلەشكەن ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش، ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈش سالمىقىنى زورايتىش ئارقىلىق، كېسەل، زىيانداش ھاشارات ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇ ۋە ئوغۇتنى باشقۇرۇش، كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىش قاتارلىقلارنى ياخشى تۇتۇشنى ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشى قىلىپ، ئالقات ئۆستۈرۈشتىكى «ئىككى مەھسۇلات، بىر بەلگە» بازا قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتتى؛ قارىقات قىيامى، مېۋە ئىچىملىكى، مېۋە چېيى، مېۋە شەربىتى، قۇۋۋەت ئىچىملىكى، تاماق ئورنىدا ئىستېمال قىلىنىدىغان دانلىق زىرائەت، يۇيۇش ـ ئاسراش بۇيۇملىرى، ئايرىۋېلىنغان خۇاچىڭسۇ قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئاچتى؛ كارخانا، ھەمكارلىق كوپېراتىپى ۋە دېھقان ئائىلىلىرىدىن ئىبارەت مەنپەئەتكە باغلاش مېخانىزمىنى قوليۇقلاشتۇرۇپ، زامانىۋى جىغان كەسپىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى.

يىرىك پىلانغا ئاساسەن، 2022 ـ يىلغا بارغاندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جىغان ئۆستۈرۈش كۆلىمى 500 مىڭ مو ئەتراپىغا، مەھسۇلات مىقدارى 30 مىڭ توننا ئەتراپىغا يەتكۈزۈلىدۇ؛ ئالقات ئۆستۈرۈش كۆلىمى 420 مىڭ مو ئەتراپىغا، مەھسۇلات مىقدارى 50 مىڭ توننا ئەتراپىغا يەتكۈزۈلىدۇ؛ قارىقات ئۆستۈرۈش كۆلىمى 100 مىڭ مو ئەتراپىغا، مەھسۇلات مىقدارى 10 مىڭ توننا ئەتراپىغا يەتكۈزۈلىدۇ. 2025 ـ يىلغا بارغاندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جىغان ئۆستۈرۈش كۆلىمى 1 مىليون مو ئەتراپىغا، مەھسۇلات مىقدارى 80 مىڭ توننا ئەتراپىغا يەتكۈزۈلىدۇ؛ ئالقات ئۆستۈرۈش كۆلىمى 450 مىڭ مو ئەتراپىغا، مەھسۇلات مىقدارى 60 مىڭ توننا ئەتراپىغا يەتكۈزۈلىدۇ؛ قارىقات ئۆستۈرۈش كۆلىمى 150 مىڭ مو ئەتراپىغا، مەھسۇلات مىقدارى 15 مىڭ توننا ئەتراپىغا يەتكۈزۈلىدۇ.

قەتئىي تەۋرەنمەي يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىنىڭ ماڭغانسېرى كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولىمىز

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئالاقىدار سىياسەتلەرنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ھەم ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىدۇ؛ پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىپ، ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، تۈر مەبلىغىگە كاپالەتلىك قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى قارارلىق خىزمىتىنى تېزلىتىپ، بىر تۈركۈم زاپاس تۈرلەردە ئىش باشلاش قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ؛ تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، مەبلەغ سېلىشنى تەستىقلاش تەرتىپىنى قانۇن ـ بەلگىلىمە بويىچە ئەلالاشتۇرۇپ، مەبلەغ سېلىشتىكى توسۇق نۇقتىلارنى پۈتۈن كۈچ بىلەن راۋانلاشتۇرىدۇ، تەرتىپكە سالىدۇ.

«بىز دۆلەتنىڭ قوللىشىنى پائال قولغا كەلتۈرۈپ، مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى ياخشى تۇتۇپ، ئەمگەك كۈچ جۇغلاشقان كەسىپلەر تەرەققىياتىنى ياخشى تۇتۇپ، مەۋقەنى رېئال ئاساسقا قويۇپ، ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاپ، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ، جاسارەت بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان كەمتۈكلۈكلەرنى خاس كەسىپلەر تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرىمىز.» ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك كۆزەتكۈچىسى يەن جياڭبىن مۇنداق بىلدۈردى: «سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى گۆش پىششىقلاش، باغ ـ ئورمانچىلىق بويىچە چوڭقۇر پىششىقلاش، ئۈزۈم ھارىقى، نانچىلىق كەسپى، ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىقى قاتارلىق يېنىك سانائەت كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچەپ ياخشى تۇتۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتقا تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى ئېشىش قۇتۇپىنى يېتىلدۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ھەر مىللەت ئاممىنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە مەنپەئەتلەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، زامانىۋى جابدۇق ياسىمىچىلىقى، يېڭى ماتېرىيال، ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر قاتارلىق كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن يېتىلدۈرۈپ، راۋاجلاندۇرۇپ، ئەقلىي ئىقتىدار، 5G، نەرسە تورى، چوڭ سانلىق مەلۇمات قاتارلىق يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇچۇر تېخنىكىسى بىلەن ياسىمىچىلىقنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ».

ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مۈلۈكنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش كومىتېتى پىلانلاش باشقارمىسى (كەسىپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتى باشقارمىسى) نىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى يۈ كۈن مۇنداق دېدى: نازارەت قىلىنىدىغان ـ باشقۇرۇلىدىغان كارخانىلارنىڭ كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، تۈرتكە بولۇپ، كەڭ باغلانغان، زىچ ھەمتۈرتكە بولىدىغان، چوڭقۇر يۇغۇرۇلغان زامانىۋى كەسىپ زەنجىرى بەرپا قىلىپ، كەسىپلەرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسى ۋە رىقابەت كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، كەسىپ يېڭى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئاشۇرۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مۈلۈك، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچ قوشىمىز.

سانجى دۆلەت يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاۋ شياۋۋېي مۇنداق بىلدۈردى: قەتئىي ھالدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى، تەلەپلىرى بويىچە، جابدۇق ياسىمىچىلىقى، بىيو پەن ـ تېخنىكا، يېڭى تىپتىكى ماتېرىيال، زامانىۋى مۇلازىمەتتىن ئىبارەت تۆت يېتەكچى كەسىپنىڭ كۆلىمىنى زورايتىپ، ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر، يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەش، ئېنېرگىيە تېجەش، مۇھىت ئاسراش، خاس يېنىك سانائەت، يېڭى ئېنېرگىيەدىن ئىبارەت بەش يېڭى گۈللىنىۋاتقان كەسىپتە ئەمەلىي قوللىنىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىشنى ياخشى ئىشلەپ، تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش، كەسپىي مائارىپ، سودا ـ ئەشيا ئوبوروتى، ھەممىباب ئاۋىياتسىيە، پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى، ساياھەت ـ ساغلاملىق ـ كۈتۈنۈشتىن ئىبارەت ئالتە مۇلازىمەت كەسپىدە پىلان تۈزۈپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەيمىز.

تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرىمىز مۇلازىمەت ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىمىز

ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسى مال ۋە ئەمگەك ـ مۇلازىمەت بېجى باشقارمىسى (ئىمپورت ـ ئېكسپورت بېجى باشقۇرۇش باشقارمىسى) نىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، 2 ـ دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى شى شياۋدۇڭ مۇنداق دېدى: «بىز ‹تور باشقۇرغۇچى› ۋە ‹ئۇچراشماسلىق شەكلى›دىكى مۇلازىمەتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كېڭەيتىپ، تۈرلۈك باج كېمەيتىش، ھەق تۆۋەنلىتىش سىياسەتلىرىنى كەم ـ كوتىسىز ئەمەلىيلەشتۈرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئېكسپورت كارخانىلىرىنى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قەغەزسىز مەلۇم قىلىش ۋە باج قايتۇرۇشنى قولايلاشتۇرۇشنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇپ، بازار سۇبيېكتلىرىنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۈچ قوشىمىز».

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ 2 ـ سوت كوللېگىيەسىنىڭ كوللېگىيە باشلىقى ۋېي جۇنشيا مۇنداق دېدى: مەۋقەنى ھەق تەلەپ، سودا ئىشلىرىنى سوت قىلىش خىزمىتى ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بۇ يىل ئوتتۇرىغا قويغان «1+N» يۈرۈشلۈك تەدبىرلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى روھنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارغا ئالاقىدار زىددىيەت، ماجىرالارنى كۆپ مەنبەلىك ھەل قىلىپ، كارخانىچىلار ۋەكىللىرى، كەسپىي جەمئىيەتلەر ۋە سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىنى قەرەللىك ئېچىپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كارخانىلارغا چېتىشلىق دەۋا مۇلازىمىتىنى ياخشى قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»قا دەل جايىدا مۇلازىمەت قىلىمىز.

«بىز يېڭى روھنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، چېگرا ھالقىغان سودا ـ تىجارەت مۇھىتىنى داۋاملىق ئەلالاشتۇرۇپ، سۈپەت بىخەتەرلىكى ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىللە، تەدبىرلەرنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ راۋان يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىمىز؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئەندىزىسىدە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، مۇلازىمەت تەدبىرلىرىنى ئەلالاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ‹پورت ئىقتىساد بەلبېغى› قۇرۇشىغا ھەسسە قوشىمىز» دېدى ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ تاموژنا باشلىقى دىڭ جىباۋ.

يېڭى ئىدىيەنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىمىز يېڭى ھاياتىي كۈچنى قوزغىتىمىز

ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، گۇاڭخۇي گۇرۇھىنىڭ باش مۇدىرى سۇن گۇاڭشىن مۇنداق دېدى: گۇاڭخۇي گۇرۇھى قارمىقىدىكى ئېنېرگىيە، ئاپتوموبىل، ئەشيا ئوبوروتى، ئۆي ـ مۈلۈك ئىشلىرىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ كەسىپتىكى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ دەيدىغان بۇرچ تۇيغۇسى، باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشقا ھەقىقىي كۈچ سەرپ قىلىپ، ئەمەلىي كۈچ سەرپ قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ قالتىس شىنجاڭ سەھىپىسىنى پۈتۈش ئۈچۈن گۇاڭخۇي گۇرۇھىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشىدۇ.

«كېيىنكى بىرنەچچە يىلدا، رەڭلىك مېتال گۇرۇھى يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتكە پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىپ، پۈتۈن يىللىق ‹نىشاننى ئۆزگەرتمەسلىك، ۋەزىپىنى كېمەيتمەسلىك، ئۆلچەمنى تۆۋەنلەتمەسلىك›كە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.» شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گۇرۇھى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر جاڭ گوخۇا مۇنداق بىلدۈردى: بۇنىڭدىن كېيىن، گۇرۇھىمىز «ئۈچ مەركەز، بىر سۇپا» قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، ERP تورىنى پۇختا قەدەم بىلەن يولغا قويىدۇ، ئاقىل كان قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، كان قېزىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش، كان تاللاشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش، تاۋلاشنى ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

«ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتىن ئايرىلالمايدۇ.» سانجى دۆلەت يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا باغچە رايونى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاڭ مىڭچىڭ مۇنداق دېدى: بۇ يىلدىن بۇيان، سانجى دۆلەت يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسى باغچە رايونى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، پائال تەدبىر قوللىنىپ، سانائەت رايونىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى، بۇلۇت تېرمىنالىدا دەرس ئۆتۈش شەكلى ئارقىلىق پۈتۈن شىنجاڭغا يۈزلىنىپ زامانىۋى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش مۇلازىمىتى خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى بىلەن پائال ئۇدۇللىشىپ، يېزا ئىگىلىك يېڭى سورتى، يېڭى تېخنىكىسىنى ئۈلگە كۆرسىتىش، قوللىنىش، كېڭەيتىش سالمىقىنى زورايتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا باغچە رايونىنىڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا «تەجرىبە ئېتىزى»لىق رولىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پۈتۈن ئوبلاست ھەتتا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۈلگە بولدى.

(مۇخبىر ۋاڭ يۇجاۋ، قاتناشقان مۇخبىرلار ما يىنىڭ، شى شىن، چېن چياڭۋېي، ياڭ شۇخەن، شيې خۇيبيەن، پىراكتىكانت خۇ شۈشەن، ئىختىيارىي مۇخبىرلار ليۇ ۋۇ شۇچېڭ، سۈن فۇچۈەن، جاڭ ۋېنجۈن)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ھازىر ئوخشىمايدۇ، دۆلەت ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىپ سالغان ئەمىن ئۆيلەر ئازادە، يورۇق، كۆپچىلىكنىڭ يەيدىغان، ئىچىدىغان ۋە كىيىدىغانلىرى بارغانسېرى ياخشىلاندى. بازار ئايلىنىش، كېسەل كۆرسىتىش، بالىلارنى مەكتەپتە ئوقۇتۇشنىڭ ھەممىسى ناھايىتى قولايلىق.» بۈگۈنكى كۈندە، مەخمۇت ئائىلىسىدىكى 20 مو يەرنىڭ ھەممىسىنى ئوبوروت قىلىۋەتتى، خوتۇنى كەنتتە بىر تاللا بازىرى ئاچتى، بۇلتۇر ئائىلىسىنىڭ كىرىمى 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

مەخمۇت ئائىلىسىگە ئوخشاش، ئېكولوگىيەلىك كۆچۈرۈشتىن كېيىن سوخۇ يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى، پۈتۈن يېزىدا ئىلگىرى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىدىن 235 ئائىلىدىكى 662 ئادەم بار ئىدى، 2017 ـ يىلى، پۈتۈن يېزىدىكى نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. 2019 ـ يىلى، پۈتۈن يېزىدىكى دېھقان ـ چارۋىچىنىڭ كىشى بېشى ساپ كىرىمى 13 مىڭ 568 يۈەنگە يەتتى.

يېزىدا داشۆسلۈك بارغانسېرى كۆپەيدى

ئاقتىكەن كەنتىنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەت مەيدانى ئالدىدىكى بىر قاتار رەتلىك دۇكانلار كىشىنى ئالاھىدە جەلپ قىلاتتى، پوچتىخانا، دۇكان، ئاشخانا، رېمونتخانا... ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ ھەممىسىنى بۇ يەردىن سېتىۋالغىلى بولاتتى.

بۇ يىل 56 ياشقا كىرگەن كەنت ئاھالىسى باھارگۈل سابىر بۇ يەردە بىر دۇكان ئاچتى. دۇكاندا باھارگۈلنىڭ قىزى سانىيە ئابلىمىت مال تولۇقلاشقا ياردەملىشىۋاتاتتى. سانىيە جۇڭگو نېفىت داشۆسىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتى، بۇ، باھارگۈلنى ئەڭ پەخىرلەندۈرىدىغان ۋە خۇشال قىلىدىغان ئىش ئىدى.

«بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، بالىلار ئەلا سۈپەتلىك مائارىپنى قوبۇل قىلسا، تېخىمۇ ياخشى كەلگۈسى بولىدۇ.» باھارگۈل مۇنداق دېدى: ئىلگىرى توغراقلىقتا ئاسفالت يول يوق ئىدى، قاتناش قولايسىز بولغاچقا، نۇرغۇن بالا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگىچە يېزىدىن چىقىپ باقمىغانىدى، ھەتتا بەزى كىشىلەر بىر ئۆمۈر يېزىدىن چىقىپ باقمىغانىدى.

«مەن ئۆگەنگەن بىلىملىرىم ئارقىلىق يۇرتۇمنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئۆز كۈچۈمنى قوشىمەن.» سانىيەنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تەتىل مەزگىلىدىن پايدىلىنىپ كەنتتىكى بالىلارغا دەرس تەكرار قىلىپ بېرىۋېتىپتۇ.

نۆۋەتتە، سوخۇ يېزىسىدا جەمئىي 19 داشۆسلىك بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكىرى رايونلاردىكى داشۆدە ئوقۇۋاتقانلاردىن ئالتىسى بار.

ياۋايى ھايۋانلار «كوللېكتىپ قايتىپ كەلدى»

«ئۇ يەر مەڭگۈ بىزنىڭ ئائىلىمىز، بىز ئۇ يەرنىڭ تېخىمۇ گۈزەل بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز!» سوخۇ يېزىسى ئاققوم كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مەممەت ھاشىم مۇنداق دېدى: گەرچە ئەسلىدىكى سوخۇ يېزىسىدىن كۆچۈپ كەتكەن بولساقمۇ، ئەمما يېزا ھەر يىلى كادىرلار، ئاممىدىن تەركىب تاپقان پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى تەشكىللەپ، ساياھەت ئاۋات پەسلىدە «يۇرت»قا قايتىپ، باشقۇرۇش ـ قوغداش پونكىتىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ مۇھىتنى ئاسرىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

«مۇشۇ يىللاردا، بىز ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى راۋانلاشتۇرۇش، توسما ياساش قاتارلىقلار ئارقىلىق توغراقلىققا ئېكولوگىيەلىك سۇ باشلاپ سۇغىرىشنى يولغا قويۇپ، توغراقلىقنىڭ ئېكولوگىيەلىك ئىقتىدارىنى ئۈنۈملۈك ئەسلىگە كەلتۈردۇق، ئېكولوگىيەنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردۇق» دېدى بۆگۈر ناھىيەلىك ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى فەن ۋېيمىن.

بۆگۈر ناھىيەسى تارىم دەرياسى ئېقىن رايونى (بۆگۈر بۆلىكى) دىكى قىسمەن توغراقلىقنىڭ چېكىنىش مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلىش ئۈچۈن، تارىم دەرياسى ئېقىن رايونىدىكى توغراقلىقنى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى. 2019 ـ يىلى جەمئىي 150 مىڭ مو يەرنى كەلكۈن سۈيى باشلاپ سۇغاردى، 13 ئۆستەڭنى ياسىدى، راۋانلاشتۇردى، يېڭىدىن ياسالغان ۋە لاي ـ لاتقىلار تازىلىنىپ كەلكۈن سۈيى باشلانغان ئۆستەڭ 51.37 كىلومېتىرغا يەتتى، ئومۇمىي سۇغىرىش كۆلىمى 300 مىڭ موغا يەتتى.

«ئىلگىرى بۇ يەردىن ئايرىلغان ياۋايى ھايۋانلار ھازىر قايتىپ كەلدى، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرمۇ بارغانسېرى بولۇق ئۆسۈۋاتىدۇ» دېدى سوخۇ يېزىلىق توغراقلىقنى باشقۇرۇش ـ قوغداش پونكىتىنىڭ خىزمەتچى خادىمى بەختىيار ئەمەر.

كۆپ يىللىق تۈزەش ئارقىلىق سوخۇ يېزىسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى كۈنسېرى ياخشىلاندى، كۆل، سۇلۇق يەر، دەريا ـ جىلغىلار گىرەلەشتى، توغراق بىلەن يۇلغۇن تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا تارقالدى، ئاق قوتان، سېرىق ئۆردەك، قارا لەيلەك، جەرەن قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار ئورمانلىق، كۆللەر ئارىسىدا پەيدا بولدى، ئېكولوگىيەلىك توسۇقنىڭ رولى كۈنسېرى گەۋدىلەندى.